# «ئىككى يول» روھى ۋە چېڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولى روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قۇرۇلۇشنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەك تۆمۈريول قۇرۇلۇشچىلىرى «ئىككى يول» روھى ۋە چېڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولى روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي قۇرۇلۇش قىلىپ، بىخەتەر قۇرۇلۇش قىلىپ، يېشىل قۇرۇلۇش قىلىپ، قۇرۇلۇشنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولىنى قۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مەۋقەنى پۈتۈن ۋەزىيەتكە قويۇپ، كەلگۈسىنى كۆزلەپ چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى. ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ۋاقىتنى سۈپەتكە بويسۇندۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، قۇرۇلۇش قىلىشنى تەشكىللەشنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئاممىنىڭ خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىپ، زاڭزۇلار رايونىدىكى ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك!

سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى (يائەندىن لىنجىگىچە بولغان بۆلەك)دا ئىش باشلاش سەپەرۋەرلىك يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋە سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى كونترول خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشىنىڭ سېجىلا تېغى تونېلى، دادۇخې دەرياسى پەۋقۇلئاددە زور كۆۋرۈكىدىن ئىبارەت ئۈچ جايدا سىنلىق ئۇلانما شەكلىدە بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ خې يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى يەتكۈزدى، سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ۋۇيۇسكا يوپۇقىنى ئېچىپ، سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى (يائەندىن لىنجىگىچە بولغان بۆلەك) قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولىنىڭ چېڭدۇدىن يائەنگىچە بولغان بۆلىكىدە 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن، لاسادىن لىنجىگىچە بولغان بۆلىكىدە 2015 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان، نۆۋەتتە قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولماقتا، بۇ قېتىم ئىش باشلانغان يائەندىن لىنجىگىچە بولغان بۆلەك سىچۈەن ئۆلكىسى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى تەۋەسىگە جايلاشقان. لىنىيە سىچۈەن يائەندىن باشلىنىپ، شىزاڭ لىنجىدا ئاخىرلىشىدۇ، دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك قوش لىنىيەلىك تۆمۈريولى بولۇپ، يېڭىدىن ياسىلىدىغان لىنىيەنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1011 كىلومېتىر كېلىدۇ، سائەتلىك سۈرئىتى 120 كىلومېتىردىن 200 كىلومېتىرغىچە قىلىپ لايىھەلەنگەن. تۈرنى دۆلەت تۆمۈريول گۇرۇھى مەسئۇل بولۇپ تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بونا كىنوچىلىق گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بوشىرەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق بەش كارخانا پېيىنى بازارغا سېلىشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، شىنجاڭ خۇيخې بانكا پاي چەكلىك شىركىتى شياڭگاڭ بىرلەشمە سودا بازىرىغا پېيىنى بازارغا سېلىش ئىلتىماسىنى سۇندى.

شىنجاڭ كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش قىزغىن دولقۇنىنى قايتا كۆتۈرۈۋالدى، بۇ، ئالدى بىلەن دۆلەت سىياسىتىنىڭ يۆلىشىنىڭ پايدىسىدىن بولدى. «يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، دۆلىتىمىز كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يېڭى ئۈچ بۆلەكنى ئىسلاھ قىلىپ، كاپىتال بازىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز جانلاندۇرۇپ، پاي ھوقۇقىنىڭ ئوبوروتچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. بولۇپمۇ جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى كومىتېتى شىنجاڭغا ‹ئىلتىماس قىلغان ھامان تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ھامان تارقىتىش›تىن ئىبارەت يېشىل يول سىياسىتىنى بەردى، شاڭخەي ئاكسىيە سودا بازىرى ۋە شېنجېن ئاكسىيە سودا بازىرى شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى كاپىتال بازىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى نىڭ شىن.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز رايون پاي ھوقۇقى بازىرى، يېڭى ئۈچ بۆلەك، ئوتتۇرا، كىچىك بۆلەك، ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكى، ئاساسىي بۆلەك قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق بۆلەكنى بىر گەۋدە قىلغان كاپىتال بازىرى ياۋا غاز سېپى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. كارخانىلارنى كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىغا بېرىپ تەرەققىي قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئۇدا كۆپ يىل پېيى بازارغا سېلىنغان زاپاس كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، كاپىتال بازىرىغا بېرىپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتكەن، ۋۇيۇسكا ئاسقان، پېيى بازارغا سېلىنغان ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرگەن كارخانىلارغا مەخسۇس تۈردە تولۇقلىما ياردىمى بەردى. بۇ يىل 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگوڭتىڭى «نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىنى قۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، رايون خاراكتېرلىك پاي ھوقۇقى بازىرىدا ۋۇيۇسكا ئېسىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش، يېتىشتۈرۈش ـ يېتىلدۈرۈش، خۇسۇسىي تارقىتىپ ئوتتۇرۇپ بېرىشتىن پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك بازاردا ئاشكارا تارقىتىش، پېيىنى بازارغا سېلىپ سودا قىلىشقىچە بولغان پۈتۈن زەنجىرلىك، كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش، ئەنگە ئېلىش، تىزىملاش ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشكەن پېيى بازارغا سېلىنىدىغان كارخانىلارغا قارىتا، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەرنىڭ بىر رەھبىرىي كادىرنى ئۇلارغا «بىرگە بىر» ئالاقىلىشىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشكە ئەۋەتىشى ئالاھىدە تەلەپ قىلىندى.

پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ تەرەققىياتى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. «كېيىنكى قەدەمدە، بىز يادرولۇق رايوندىكى بەش چوڭ مەركەز قۇرۇلۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى، سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ كۆيرەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەتراپىتىكى مۇكەممەللەشكەن رەت ـ رەت زاۋۇت رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، باغچە رايونىدىكى بىر يېڭى رايون قارىماققا ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيتتى، كۆپلىگەن زاۋۇت ئۆيلىرى قۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەر شۇ جاينىڭ كەسىپ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىدىكى ئېگىزلىك بولۇپ، ئۇ دەل تيەنجىن ـ خوتەن رەقەملىك ئېلېكترون كەسپى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش باغچە رايونى.

«بۇنىڭدىن ئىلگىرى سانائەت باغچە رايونىدىكى كەسىپلەر تەرەققىياتىدا توقۇمىچىلىق كەسپى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، زور تۈركۈمدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغانىدى، لېكىن دەۋر ۋە بازارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش چوڭ يۈزلىنىش بولۇپ قالدى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق قاتارلىق رەقەملىك ئېلېكترون كەسپلەر ئوخشاشلا ئەمگەك كۆجۇملەشكەن كەسپكە تەۋە بولۇپ، بازار ئېھتىياجى تېخىمۇ كەڭ، شۇ جايدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە بولغان ياردىمى تېخىمۇ زور» دېدى چىرا ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تيەنجىننىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى دۇڭ مىڭيەن مۇخبىرلارغا.

يېڭى كەسىپ تەرەققىياتى يۆنىلىشىنى چۆرىدەپ، بۇ يىلدىن بۇيان، تيەنجىن شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ قۇرۇپ، كۆپ قېتىم گۇاڭدۇڭ، سىچۈەن، شاڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە «سۇمۇرغ جەلپ قىلىش»قا بېرىپ، 60 نەچچە كارخانىنى زىيارەت قىلدى. نۆۋەتتە رەقەملىك ئېلېكترون كارخانىسىدىن 13ى مەبلەغ سېلىشنى بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدىن تۆتى بار بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى تىڭشىغۇچ، مائۇس، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق پۇل تۆلەش تېرمىنالى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق بىخەتەرلىك قالپىقى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

باغچە رايونىدىكى تيەنجىنتوڭ ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ بىر ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، 30 نەچچە ئىشچى كومپيۇتېردا بىر ئەقلىي ئىقتىدارلىق رادىيونى تەڭشەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. 2 ـ قەۋەتتىكى سېختا، ئىشچىلار ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېۋىزورنى قۇراشتۇرۇۋاتاتتى. بۇ مەھسۇلاتلار زاۋۇتتىن چىققاندىن كېيىن دەرھال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىپ، شۇ جايدىكى پۇقرالارغا تېخىمۇ كۆپ ئەقلىي ئىقتىدارلىق مۇلازىمەتنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

30 ياشلىق شىركەت خىزمەتچىسى نۇرمەمەت ئابدۇئەلى ئىلگىرى شۇ جايدا ئۈۋۈلاش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، بۇ يىل 7 ـ ئايدا بۇ يەرگە كېلىپ سىناش خادىمى بولۇپ، زاۋۇتتىن چىقىشتىن بۇرۇنقى تېلېۋىزورنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەشكە مەسئۇل بولدى. يېڭى خىزمىتىنىڭ قىيىن ـ قىيىن ئەمەسلىكىنى سورىغاندا، ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ خىزمەت ناھايىتى ئاددىي، تېخنىكىلار قولمۇقول ئۆگەتتى. مۇھىمى خىزمەت ۋە كىرىمنىڭ ھەممىسى بىرقەدەر مۇقىم، ھېرىپمۇ كەتمەيمىز».

دۇڭگۇەندىن كەلگەن دېڭيۈيىن ئوقەتچىلىك پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بۇ باغچە رايونىغا ماكانلاشقان تۇنجى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق كارخانىسى. نېمە ئۈچۈن دەشت ـ باياۋاندا تۇنجى بولۇپ «قىسقۇچپاقا يېيىش»كە جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا، شىركەتنىڭ باش مۇدىرى خۇ ۋېنچۈەن ئۈچ ياخشى، يەنى: «سىياسەت ياخشى، مۇلازىمەت ياخشى، ئىستىقبالى ياخشى» دېدى، ئۇ ئۆزى يەنە بىرنەچچە كارخانىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە تونۇشتۇردى.

ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ. دۇڭ مىڭيەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، سانائەت باغچە رايونىدا 2021 ـ يىلى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىنىڭ ئوندىن ئېشىشىدىن ئۈمىد بار ئىكەن، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى مۆلچەرلىنىشىچە 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەل قىلىنىدىكەن، كەلگۈسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئېلېكترونلۇق ياسىمىچىلىق كەسپى توپلانغان رايون قۇرۇپ چىقىلىدىكەن.

خۇ ۋېنچۈەننىڭ ئوخشاشلا مۇنداق بىر كىچىك نىشانى بار: كەلگۈسىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە ئىككى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، مۇكەممەل كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشنى پىلانلاۋېتىپتۇ. «خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى ياسىلىپ بولسا، مەھسۇلاتلىرىمىزنى سېتىشتىن تېخىمۇ غەم قىلمايمىز».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەپتەرلەر تېز چوڭ بولىدۇ، كۆپىيىش نىسبىتى ئۈستۈن، بىر توپ كەپتەرنى 40 كۈن باققاندا سانى بىر ھەسسىدەك كۆپىيىدۇ.

كەپتەر تىلغا ئېلىنسا، پەيشەنبە بازار يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى ئەسقەر ئەخەتنىڭ چېھرىدە ئىپتىخارلىق جىلۋىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: توقسۇ دېھقانلىرىنىڭ ئەزەلدىنلا كەپتەر بېقىش ئادىتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى پەيشەنبە بازار يېزىسى. پەيشەنبە بازار يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەپتەر باقىدۇ، ئاز بولغاندا ئون نەچچىنى، كۆپ بولغاندا 200 ـ 300نى باقىدۇ، كەپتەر گۆشىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىستېمالچىلار بەكمۇ ياقتۇرىدۇ، شۇڭا بۇ جاي «كەپتەر يۇرتى» دەپ ئاتالغان. پەيشەنبە بازار كەنتىدە ھەر پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. مەخسۇس كەپتەر سودىسى قىلىدىغان بىر كوچا بار، دېھقانلار بۇ كوچىنى «كەپتەر كوچىسى» دەپ ئاتايدۇ.

«ئەمما، بىزنىڭ بۇ يەردە ھازىر ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى ‹كەپتەر كوچىسى› ئەمەس، بەلكى كەپتەرچىلىك كەسپلەر باغچىسى.» كۆڭلى تۈز، ئوچۇق ـ يورۇق ئەسقەر دەرھال مۇخبىرلارنى باشلاپ پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ قۇملۇقئېرىق كەنتىگە جايلاشقان توقسۇ كەپتەرچىلىك كەسپلەر باغچىسىغا باردى. بۇ يەردە 140 مو كېلىدىغان شىنجاڭ دۇخۇ كەپتەرچىلىك پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دۇخۇ كەپتەرچىلىكى» دېيىلىدۇ) 40 كەپتەر لاپىسى ياسىغان بولۇپ، ھەربىر لاپاسقا 5000 كەپتەر سىغىدۇ.

بۇلتۇر 10 ـ ئايدا، دۇخۇ كەپتەرچىلىكى 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى. قىش پەسلىدە ھاۋا بەك سوغۇق بولغانلىقتىن قۇرۇلۇش قىلىشقا ئامال بولمىدى، بۇ يىلنىڭ بېشىدىكى يۇقۇمنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ، نۇرغۇن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش تەسكە توختىدى. قانداق قىلغاندا بالدۇرراق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگىلى، نامراتلارغا ياردەم بېرىپ بېيىشقا تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ شىركەت ئالدى بىلەن كەپتەر لاپىسى سېلىش، ئاندىن خىزمەت بىناسى سېلىشنى قارار قىلدى. رەتمۇرەت كەپتەر لاپىسى پەيشەنبە بازار يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندا، كەپتەر بېقىپ كۆپ پۇل تاپقىلى بولمايدۇ، كەسىپ شەكىللەندۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغان بەزى دېھقانلارنىڭ كەپتەر بېقىش قىزغىنلىقى قايتا قوزغالدى.

دۇخۇ كەپتەرچىلىكىنىڭ تېخنىكا مەسئۇلى جياڭ مىڭشېڭنىڭ 30 يىلغا يېقىن كەپتەر بېقىش تەجرىبىسى بار، ئىلگىرى خۇنەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردا كەپتەر باققان. توقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ يەردىكى يېزىلاردا كەپتەر بېقىش كەيپىياتىنىڭ قويۇقلۇقىنى، كەپتەرچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنىڭ غايەت زورلۇقىنى، لېكىن باشلامچى كارخانىنىڭ تۈرتكە بولۇشىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ دېھقانلارغا ئىلمىي كەپتەر بېقىشنى ئۆگىتىش ئىرادىسىگە كەلدى.

كەسپىي جەھەتتىكى تېخنىكا يېتەكچىلىكى ۋە تەربىيەلەش، «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسى، قىينچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر پەيشەنبە بازار يېزىسىدىكى دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن يېزىدىكى دېھقان ئائىلىلىرى باققان كەپتەر 300 مىڭ بولۇپ، بەش يىل ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە كۆپەيدى، بۇنىڭغا كەپتەرچىلىك كەسپلەر باغچىسىنىڭ كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشى قوشۇلۇپ، «كەپتەر يۇرتى» بارغانسېرى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىقلاشتى.

پەيشەنبە بازار يېزىسىدىن باشقا، توقسۇ ناھىيەسىنىڭ باشقا يېزا ـ بازارلىرىدا كەپتەر باقىدىغان دېھقانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. دېھقانلارنىڭ باقمىچىلىقتىن قىلىدىغان كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇش ئۈچۈن، توقسۇ ناھىيەسى دېھقانلارنىڭ كالا بېقىش، كەپتەر بېقىش قىزىقىشىغا بىرلەشتۈرۈپ، «كالىنى كۆپەيتىش» قۇرۇلۇشى ۋە «كەپتەرنى كۆپەيتىش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. دېھقانلار ئۆز شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، كالا بېقىش ياكى كەپتەر بېقىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتنىشىشنى تاللىسا، ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلار كۆپ تەرەپتىن قوللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، توقسۇ ناھىيەسى چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى سودىسى مۇلازىمەت مەركىزى قۇردى، ھەر ھەپتىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2100دىن ئارتۇق كالا، 1500دىن ئارتۇق قوي، كەپتەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2200دىن ئارتۇق ئۆي قۇشلىرى سودىسى بولىدۇ، بۇ جاي تەدرىجىي ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى سودىسى يىغىش ـ تارقىتىش مەركىزىگە ئايلانماقتا.

كەپتەر بېقىشقا ئاز مەبلەغ كېتىدۇ، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدۇ، شۇڭا توقسۇ ناھىيەسىدىكى نۇرغۇن دېھقان كالا بېقىش بىلەن بىللە يەنە كەپتەر باقتى. بۇ يىل، پۈتۈن ناھىيەدىكى كەپتەرنىڭ يىللىق لاپاستىن چىقىرىلىش مىقدارىنىڭ 3 مىليونغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

«شىركىتىمىز 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشنى باشلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، يەنە 30 كەپتەر لاپىسى سالىدۇ، كېيىن يەنە يۈرۈشلەشكەن سويۇش، چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى قۇرۇپ، كەپتەر ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشتىن ئىبارەت يۈرۈشلۈك تىجارەتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كەپتەرچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى جياڭ مىڭشېڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىدىكىلەر «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «تەكلىپ»تىكى ئورۇنلاشتۇرما، ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي كېڭەشنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشتەك خاس ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»دىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملىشى، كۈچ توپلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، دەل جايىدا ئىگىلەش كېرەك. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ۋەزىيەتكە بولغان ئىلمىي ھۆكۈمى، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان يېتەكچى ئىدىيەسى، ئاساسىي پرىنسىپى ۋە نىشان، تەلىپى، يېڭى ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا بولغان يېڭى تەلىپىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكتلەندى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەركەز 3 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈپ چىقىش كېرەك. ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختىلاش، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. مەخسۇس كېڭەشش ئاپپاراتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەۋقەنى سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت ئورنىغا قويۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزۈپ چىققان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەقىل ـ كۈچ زىچ توپلىشىش ئەۋزەللىكى، كېڭەشش دېموكراتىيە ئەۋزەللىكى، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈشكە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلەپلىرى ۋە تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، «13 ـ بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش، «14 ـ بەش يىل»نى باشلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.